UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

08.02.2021 – 01.02.2021

تەييارلىغۇچىلار : م. تەكىرىقۇت
: نىجات تۇرغۇن
: مەلىكەزادە
: مەمەتئىبلى مەمەتئىمىن
: نىجات مەمەت

تەھرىرلەر : ئابدۇرەھىم دۆلەت
: پاسىبان

17 - سان
11/02/2021

https://www.uysi.org/ug/

# ئامېرىكا خىتاي مۇناسىۋىتى ھەققىدە
# ھەپتىلىك تەرەققىياتلار ۋە ئانالىز
**تەييارلىغۇچى : م. تەڭرىقۇت**

■ ۋىرۇس خىتايغا قانداق ئىستراتېگىيەلىك پايدا ئېلىپ كەلدى؟

ۋىرۇس تارقالغىلى بىر يىلدىن ئاشقان ۋاقىتتا ۋىرۇستىن كېيىنكى دۇنيادا كىمنىڭ پايدىلىق ئورۇنغا چىقىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە يېقىندا DW خەۋەر ئېلان قىلغان بولۇپ، ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ۋە ۋاكسىنىنىڭ بايقىلىش ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئىشلىتىلىش جەريانىغىچە خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ پايدىلىق ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. سەۋەبىنى بولسا مۇنداق بىر قانچە تۈرگە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ:

1. ئامېرىكادا ۋىرۇس بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن، ئامېرىكانىڭ باشتا ئۆزىنىڭ دۆلىتىدە ۋاكسىنا تارقىتىش ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ قېلىشى
2. ياۋروپا ئېھتىياقىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ۋاكسىنىنى زاكاز قىلغانلىقى، لېكىن دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىغا تارقىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەسلىكى (2مىليارد ۋاكسىنا ياۋروپا ئېھتىياقى تەرىپىدىن زاكاز قىلىنغان)
3. خىتايدا ۋىرۇسلىنىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىر بولماسلىقى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەرەققى قىلمىغان ۋە قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ۋاكسىنىنى تارقىتىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى

4. رۇسـيەمۇ خىتـاي بىلـەن ئوخشـاش ئەھۋالـدا بولـۇپ ۋاكسىنسـىنى باشـقا رايونلارغـا ئەۋەتـدىغانلىقىنـى بىلدۈرگـەن. (رۇسـيەنىڭ ۋاكسىنسـى 92% ئۈنۈملـۈك بولـۇپ چىققان)

بايدىـن بـۇ ھەقتـە دۇنيادىكـى ۋاكسـىنغا ئېھتىياجلىـق دۆلەتلەرگـە يـاردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگـەن بولسـىمۇ، ئامېرىكـىدا ۋىرۇسـنىڭ تارقىلىشى بـەكلا ئېغىـر بولغانلىقـى ئۈچـۈن چەتئەلگـە يـاردەم قىلىـش ئىقتىدارىنىـڭ چەكلىـك بولىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنغان. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كەلسەك، گەرچە ياۋروپا ئىتتىپاقى بـاش كاتىپى ئورسـۇلا ۋون ئۆزلىرىدە يېتىپ ئاشـقۇدەك ۋاكسـىنىنىڭ بـار ئىكەنلىكـى ۋە بۇنـى باشـقا رايونلارغا ئەۋەتىدىغانلىقىنـى ئېيتقان بولسـىمۇ، تېخـى ھېچقانـداق يەرگـە ئەۋەتىشـنىڭ شەپىسـى چىقمىغان. نۇرغـۇن تەتقىقاتچى، مۇخبىـر ۋە سىياسـەتچىلەر ياۋروپانـى گەپنـى جىـق قىلىدىغان، لېكـن ئەمەلـي ھەرىكـەت قىلمايدىغـان دەپ ئەيىبلىگـەن، ھەتتا بەزى كىشـلەر بۇنى « ۋاكسـىنا مىللەتچىلىكـى» دەپ ئاتىغـان. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىـڭ ئېنىـق قـارار چىقارماسـلىقى سـەۋەبىدىن سېربىيە قاتارلىـق شـەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى خىتاي ۋە رۇسـيەنىڭ ۋاكسىنىسـىغا يۈزلەنگـەن. ھەتتا ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەزاسـى بولغـان ۋېنگىرىيەمۇ خىتـاي ۋاكسىنسـىنى ئىشلەتسـە بولىدىغانلىقىنـى تەسـتىقلىغان.[1]

■ رۇسـيە ۋە خىتـاي ۋاكسىنسـىنىڭ يـەر شـارى مىقياسـىدا تارقىلىـش خەرىتىسـى؛

سېرىق رەڭ رۇس ۋاكسىنىسى
كۆك رەڭ خىتاي ۋاكسىنىسى

[1]Alexandra von Nahmen," How Russia and China are winning the vaccine diplomacy race",DW,05.02.2021 https://www.youtube.com/watch?v=iEHzXP2j2AM




■ يېقىندا the Atlantic Council ئىسمىنى ۋاقتىنچە ئاشكارىلىمىغان ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى تەرپىدىن تەييارلانغان «تېخىمۇ ئۇزۇن تېلېگرام» (the longer telegram) دەپ ئاتالغان ، خىتايغا مۇناسىۋەتلىك كۆزنىتىش ۋە سىياسىي تەۋسىيە خاراكتېرلىك بىرپارچە يازما ئېلان قىلغان. بۇ ئەمەلدارنىڭ خىتاي ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە خىتاي مەسىلىسى ھەققىدە مول تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان . بۇ يازمىنىڭ The Longer Telegram , دەپ ئاتىلىشىمۇ ناھايىتى مەنىدار بولۇپ، ئۇ 1946 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ رۇسىيە ئەلچىخانىسىدىكى ئەمەلدار كېننان (Kennan) نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەققىي غەرىزى ۋە ئامېرىكىنىڭ نېمە قىلىشى ھەققىدە پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئامېرىكىنىڭ سوۋېت بىلەن بولغان سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى ئىستراتېگىيەسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن long telegram غا ئوخشىتىلغان ، كېنناننىڭ تېلېگراممىسى بىلەن ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشنى مەقسەد قىلغان. بۇ the Atlantic Council تۇنجى قېتىم ئىسمىسىز بىر يازما قىلىشى بولۇپ، سەۋەبى مەزكۇر يازمىنىڭ كۆز قاراش، ئانالىز ۋە تەۋسىيەلىرى رېئال، كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە

بولغانلىقى ئۈچۈن ئېلان قىلىشقا قوشۇلغان.

بۇ يازمىنىڭ ئىككى مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، بىرى خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ، يەنە بىرى ئۇنىڭ سىياسىتى. تېلېگراممىدا «ئامېرىكا ئۈچۈن 21 -ئەسىردىكى ئەڭ مۇشكۈل رىقابەتنىڭ خىتاي رەئىسى شى نىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا كۈنسېرى دىكتاتورلىششقا قاراپ مېڭىۋاتقان خىتاي » ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. يەنە « ئامېرىكا ئىستراتېگىيەسى چوقۇم رەئىس شى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خىتاي رەھبەرلىرىگە، شۇنداقلا بۇلارنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى خىتاي سىياسىي مۇھىتىغا مەركەزلىشىشى كېرەك» دېيىلگەن.

يازمىدا يەنە خىتاينىڭ خۇسۇسى كارخانىلىرى ياكى خۇسۇسىي ئىگىلىك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىۋاسىتە پارتىيەنىڭ كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا شى نىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى بېسىملارغا قارشى مىللەتچىلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شى نىڭ بۇرۇنقى ھېچقانداق رەئىسلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى خىتاينىڭ تاشقى سىياسەتتە ئۆكتەم بولۇش، ھەربىي كۈچىنى دۆلەتنىڭ سىرتىغىچە كېڭەيتىش، شۇنداقلا يەر شارى مىقياسىدا دىكتاتور تۈزۈمنى يېيىش قاتارلىق سىياسەتلىرى ئارقىلىق، مەۋجۇت خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلغۇچى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. The longer telegram دا شى نىڭ ئامېرىكا ئۈچۈنلا خەتەر بولۇشتىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ، پۈتۈن لىبېرال دۇنيا تەرتىپىگە نىسبەتەن چوڭ خەتەرگە ئايلانغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

يازمىدا شى رەھبەرلىكىدىكى خىتاينىڭ مەقسەدلىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ،

كۆپىنچىسى ھەربىي، پەن- تېخنىكا ۋە سىياسىي كۈچىنى ئىشلىتىپ، ئامېرىكانى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق مەۋجۇت خەلقئارا سىستېمىنى قولغا چۈشۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

بۇنىڭغا قارىتا قانداق تەدبىر قوللىنىش مەسىلىسىگە قارىتا يازمىدا خىتايلارغا پىششىق بولغان سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرىدىكى « دۈشمەننىڭ ئىستراتېگىيەسىنى بۇزۇش جەڭدىكى ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەدۇر» دېگەن سۆزى بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئىقتىساد ۋە پەن تېخنىكا ئۈستۈنلىكىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش
2. دوللارنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئورنىنى قوغداش
3. كۈچلۈك ھەربىي چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئىستراتېگىيەلىك يادرو تەڭپۇڭلۇقىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە يول قويماسلىق.
4. خىتاينىڭ تېررىتورىيە جەھەتتىكى كېڭەيمىچىلىكىگە، بولۇپمۇ تەيۋەننى مەجبۇرى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا يول قويماسلىق.
5. مەۋجۇت ئىتتىپاقلارنى كۈچەيتىش ۋە تېخىمۇ كېڭەيتىش.
6. ھازىرقى لىبېرال خەلقئارا سىستېمىنىڭ قائىدە- پرىنسىپلىرىنى قوغداش، ھەتتا كېرەك بولسا ئۆزگەرتىش. ئىدېئولوگىيەلىك ئاساسلىرى ۋە دېموكراتىك قىممەت قاراشلىرىنى قەتئىي قوغداش.
7. كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق دۇنياۋى تەھدىتلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش.
8. خىتاينىڭ دىكتاتور ۋە دۆلەت كاپىتالىزمىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ئىدېئولوگىيە ، سىياسىي ،ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت ئەركىنلىكى

جېڭى ئېلىپ بېرىش.

9. يۇقىرىقى ئىستراتېگىيەلەر ئاساسىدا يەنە ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىن كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداشلىق شەكىللەندۈرۈش

10. رۇسىيە بىلەن مۇناسىۋەتنى قايتىدىن تەڭشەش، ئامال قىلىپ خىتايدىن ئايرىۋېتىش.

بۇ يازمىدا ئامېرىكا قايسى پىرىنسىپلار ئاساسىدا ئىستراتېگىيە تۈزۈشى، ئىچكى سىياستى شۇنداقلا يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن ئىستراتېگىيەلەرنى قانداق ئېلىپ بېرىش ھەققىدىمۇ ناھايىتى ئىنچىكە توختالغان.[2]

■ بايدىن CNS تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن توقۇنۇشمايدىغانلىقىنى، لېكىن ناھايىتى كۈچلۈك ۋە كەسكىن رىقابەتكە چۈشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە مۇئاۋىن پرېزىدېنت بولغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ شى بىلەن كۆپ ئۇچراشقانلىقىنى ، بۇ جەھەتتىن ھەر قانداق رەھبەردىن كۆپ تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا خىتاي رەئىسى شى نى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە شى نىڭ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە قاتتىق قول بىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، « مېنىڭ ئۇنى ئەيىبلىگىنىم ئەمەس، لېكىن رېئاللىق شۇنداق، شى نىڭ گېنىدا دېموكراتىيەنىڭ خۇرۇچى يوق» دېگەن.

نەچچە كۈندىن كېيىن ئانتونىي بلىنكىن بىلەن خىتاي تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى ياڭ جىېچى تېلېفوندا كۆرۈشكەن. ياڭ تېلېفوندا «ئامېرىكانىڭ ترامپ دەۋرىدىكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشى» كېرەكلىكىنى، «ھەر قايسى تەرەپنىڭ

[2]Anonymous, ‘’ the Longer Telegram” The Atlantic Council,05.02.2021 https://www.atlanticcouncil.org/content-series/atlantic-council-strategy-paper-series/the-longer-telegram/

ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىشى» ، شۇنداقلا «ئامېرىكانىڭ شىياڭگاڭ ، تىبەت ۋە شىنجاڭ قاتارلىق خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى» لازىملىقىنى سۆزلىگەن. بىلىنكىن بولسا ئامېرىكانىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە قىممەت قاراشلىرىنى قوغدايدىغانلىقىنى، شىياڭگاڭلىقلار، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەت مەسىلىسىدە خىتايغا بېسىم قىلىشنى داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[3]

■ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى باستۇرۇش سىياسەتلىرى سەۋەبلىك قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلۈشىگە قارشى چىققان. ئۇلار خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ قارارىنى دۆتلۈك دەپ تەنقىد قىلغان.[4]

بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم ئەنگلىيە، كانادا ۋە ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىمۇ بۇ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىق قىلغان بولۇپ، خىتاي تەرەپ بولسا بۇ مۇسابىقىنى بايقۇت قىلغان ھەر قانداق دۆلەتنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئامېرىكا ۋە كانادا پارلامېنت ئەزالىرى ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ باشقا دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلۈشىنى تەۋسىيە قىلغان. بايقۇتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بەش غەرب دۆلىتى ۋە باشقا رايونلاردىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ خىتاينى ئەيىپلىشى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، پاكىستان كېڭەش پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ

[3]BBC, “拜登称与中国“不冲突”而是“极为激烈的竞争” 习近平“骨子里无民主”,08.02.2021 https://www.bbc.com/zhongwen/simp/world-55978795

[4]India Blooms News Service, “Beijing 2022 Olympics: Activists call to boycott event over China’s record on human rights abuse”, Indiablomms, 08.02.2021 https://www.indiablooms.com/world-details/SA/27925/beijing-2022-olympics-activists-call-to-boycott-event-over-china-s-record-on-human-rights-abuse.html

رەئىسى مۇشاھىد ھۆسەيىن مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىشى قاتارلىق ئاساسىي پاكىتلار ئالدىدا، شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك يالغانلار ئاز ساندىكى غەرب سىياسىئونلىرىنىڭ سىياسىي مەقسەت بىلەن ئويدۇرۇپ چىقارغان بىمەنىلىكلىرى ئىكەنلىكىنى، ۋە بۇ يالغانلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن مەغلۇپ بولىدىغانلىقى» نى سۆزلىگەن. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى زاھىرى بولسا،« شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىدىغانلىقىنى» ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا « شىنجاڭنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە رادىكاللىقنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ خىتاي بىلەن تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە رادىكاللىقنى تۈگىتىش ھەققىدە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى» نى بىلدۈرگەن.[5]

## ئانالىز

يەر شارى مىقياسىدا ۋاكسىنا تەمىنلەش خىتاي ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم رىقابەت تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. ئەگەر ياۋروپا زاكاس قىلىۋالغان ۋاكسىنىلىرىنى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئورتاقلاشمىسا، بۇ ساھەدە مەيدانىنى خىتاي ۋە رۇسىيەگە تاشلاپ بەرگەن بولىدۇ ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازى زور دەرىجىدە خۇنۇكلىشىدۇ. ئەگەر بۇنداق بولسا مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىن خىتاي ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەل ئورۇنغا ئۆتىدۇ:

1. ئىچكى جەھەتتىن خەلقلىرىگە ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

[5]外交部, “2021年2月8日外交部发言人汪文斌主持例行记者会”, 08.02.2021 https://www.fmprc.gov.cn/web/fyrbt_673021/jzhsl_673025/t1852395.shtml

2. تاشقى جەھەتتىن نامرات دۆلەتلەرگە «مەردلىكى، خەير ـ ساخاۋەتچى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەقدىر ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ھالقىلىق رول ئوينىغۇچى» ئىكەنلىكىنى كۆرستىشكە يارايدۇ.

3. خەلقئارادا ئوبرازىنى تىكلەشكە پايدىسى بولىدۇ. گەرچە خىتاينىڭ ئىقتىسادى كۈچلۈك بولسىمۇ، دۆلەت تۈزۈمى ۋە ھاكىممۇتلەق ئىچكى سىياستى سەۋەبلىك خەلقئارادىكى ئوبرازى ياخشى ئەمەس. ئەمما بۇ قېتىملىق ۋاكسىنا تەمىنلەشتە ئاۋانگارتقا ئايلىنىۋېلىشى خىتايغا بولغان سەلبى قاراشنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. چۈنكى ۋىرۇس پەقەت ئاددىي ۋىرۇس مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە دۇنيانىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات مەسىلىسى بولۇپ كۆرۈنمەكتە.

4. خەلقئارادا تەسىر كۈچكە ئىگە بولىدۇ. خىتاينىڭ «قۇتقۇزغۇچى» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشى خىتايغا دىپلوماتىيە جەھەتتىن نۇرغۇن ئىشىكلەرنى ئاچىدۇ.

5. دىكتاتور دۆلەت تۈزۈمىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمدىن ئىلغارلىقىنى تەشۋىق قىلىشى ۋە دۇنيادا دىكتاتور ھۆكۈمەتلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىشىگە مەلۇم جەھەتتىن تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن.

6. ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بولغان قوللاشنىڭ ئازلىشى ۋە خىتاينىڭ بۇ ۋىرۇسنىڭ يېيىلىشىدىكى جاۋابكارلىقى ئۇنتۇلۇشى مۇمكىن.

7. خىتاي بۇ ۋاكسىنىنى تەمىنلەش بەدىلىگە باشقا دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ يىپەك يولى قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا، خەلقئارا سەھنىلەردە ئۆزى تەرەپتە تۇرۇشقا ۋە ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۋاتقان ۋەھشى سىياستى ھەققىدە گەپ قىلماسلىققا زورلىشى مۇمكىن.

8. ۋاكسىنا ياردىمىنى قوبۇل قىلغان دۆلەتلەردە خىتاي مەبلەغ سېلىش، سودىدا ئېتىبارغا ئېرىشىش ۋە بايلىقلىرىنى ئىگەللەش

قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئېرىشىشىلىشى مۇمكىن.

قىسقىسى دۇنيا مىقياسىدا ۋاكسىنا تەمىنلەش مەسىلىسى، ۋىرۇستىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى بەلگىلەشتىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر. بۇ ئويۇندا كىمنىڭ يېڭىشى، غەربنىڭ بولۇپمۇ ياۋروپانىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ۋاكسىنا تەمىنلەش ئىشىدا قانچىلىك ئاكتىپ بولۇشىغا باغلىق. بۇ ئويۇندا مەيداننى خىتاي ۋە رۇسىيەگە تاشلاپ بېرىپ ئۆزىنىڭ دۇنياۋى تەسىر كۈچىدىن ۋاز كېچىش ياۋروپانىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا. ياۋروپا قانداق قارار بېرىدۇ؟ ساقلاش كېرەك.

خىتاينىڭ يەر شارى مىقياسىدىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىستىراتېگىيەسى ھەققىدە the Atlantic Council ئېلان قىلغان نامەلۇم ئامېرىكالىق سىياسەتچى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تېخىمۇ ئۇزۇن تېلىگراما» ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. بۇ يازمىدا خىتاينىڭ دۇنيا سىستېمىسىغا تەھدىت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئىنچىكە ئىزاھلانغان. باشقا ھەرقانداق ئىستىراتېگىيەلىك تەۋسىيەلەرگە ئوخشىمايدىغىنى، مەزكۇر «تېلېگراما»دا ئاساسلىق نىشان شى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ھەتتا كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىدىكى كۆپ قىسىم خىتايلارنىڭ شى غا قارشى ئىكەنلىكىنى، لېكىن بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يازمىنىڭ بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىراتېگىيەسىگە تەسىرى بولامدۇ- يوق؟ كۆزىتىش لازىم. بۇ «تېلېگراما» دىمۇ ئوخشاشلا ياۋروپا ۋە ئاسىيادا ئىتتىپاق ھاسىل قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان. لېكىن ھازىر ياۋروپانىڭ پوزىتسىيەسى بۇ پىلان ئۈچۈن پايدىسىز ھالەتتە تۇرماقتا. فىرانسىيە پىرېزىدېنتى ماكروننىڭ ئامېرىكا خىتاي توقۇنۇشىدا ياۋروپانىڭ تەرەپ تۇتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى، خىتاي ئۈچۈن كاتتا خۇشخەۋەردىن ئىبارەت. بۇ بەلكىم ماكروننىڭ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى

ياكى ئامېرىكادىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ ئېيتقان گېپى بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن ياۋروپانىڭ پوزىتسىيەسى ئامېرىكا شۇنداقلا يېڭى دۇنيا تەرتىپى  ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋەتەندىكى ئېچىنىشلىق ھالەتكە قارىتا مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ مەيدانى ھەقىقەتەن كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. ئۇلار غەرب دۆلەتلىرىنى سىياسىي مەقسىدى ئۈچۈن خىتاينى ئەيىبلەۋاتىدۇ دەپ تۇرۇپ، دەل ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسىدى ئۈچۈن  بىزگە قىلىنغان زۇلۇمغا سۈكۈت قىلماقتا، ھەتتا خەلقئارا سەھنىدە ئاشكارا ھالدا خىتاينىڭ سىياسىتىنى قوللىماقتا.

# خىتاي - ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋەتلىرى
## (01.02.21-06.02.21)
**نىجات تۇرغۇن**

■ 1.ۋېنگرىيە COVID-19 غا قارشى خىتاي ۋاكسىنىسى (Sinopharm) ئىشلىتىشنى ۋە بەش مىليون دانە سېتىۋېلىشنى قارار قىلغان بولۇپ، بۇ ۋاكسىنىلار ئالدىمىزدىكى تۆت ئايدا يېتىپ كېلىدىكەن. ۋېنگرىيە باش مىنىستىرى Viktor Orbán ئىزچىل ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ۋاكسىنا يەتكۈزۈشىنى تەنقىت قىلىپ كەلگەن بولۇپ[6]، بالقان رايونىدىكى دۆلەتلەرمۇ رۇسىيە ۋە خىتاي ۋاكسىنىسى سېتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ. سېربىيەمۇ ئالدىنقى ئاينىڭ ئوتتۇرىدا بىر مىليون دانە خىتاي ۋاكسىنىسى تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، سېربىيە پرېزىدېنتى Aleksandar Vučić تېخىمۇ كۆپ خىتاي ۋاكسىنىسى سېتىۋالىدىغانلىقىنى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ باراۋەر ھالدا ۋاكسىنىغا ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈكۈپ كېتىۋاتقان تىتانىك پاراخوتىغا ئوخشاتقان[7].

## مۇلاھىزە:

ياۋروپا ئىتتىپاقى COVID-19نىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ۋاكسىنىلارنى تەستىقلاش ۋە ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرگە ئادىل تەقسىملەشكە ئاجىز كېلىۋاتىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەزاسى بولغان ۋېنگرىيە خىتاي ۋاكسىنىسىدىن بەش مىليون دانە سېتىۋالىدىغان بولدى، ھەتتا گېرمانىيەمۇ ۋاكسىنىنىڭ يەتكۈزۈلۈشى قىيىن بولغان ئەھۋالدا

[6]Reuters Staff. ''Hungary signs deal for Chinese Sinopharm's COVID-19 vaccine, first in EU". REUTERS.29.01.21. https://www.reuters.com/article/health-coronavirus-hungary-vaccine/update-3-hungary-signs-deal-for-chinese-sinopharms-covid-19-vaccine-first-in-eu-idUSL1N2K40FS
[7]Valerie Hopkins. ''Balkan nations turn to China and Russia for jabs". FinancialTimes. 02.02.21. https://www.ft.com/content/7508a3eb-c36b-4f6b-bd13-4a3a248b0686

خىتاي ۋە رۇسىيەنىڭ ۋاكسىنىلىرىنى ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى[8]. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋاكسىنىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى ۋە ۋاكسىنا يەتكۈزۈشنىڭ ۋاقتىدا بولماسلىقى بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىنى خىتاي بىلەن ھەمكارلىششقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر خىتاي ۋاكسىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يەتكۈزەلىسە ۋە ۋاكسىنىنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈمى كۆرۈلسە، خىتاينىڭ ياۋروپادىكى تەسىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىشىغا يول ئېچىشى، خىتاي بۇ ئىمتىيازلارنى سىياسى ۋە دىپلوماتىك جەھەتلەردە سۈيئىستىمال قىلىشى مۇمكىن.

■ 2. فىرانسىيە مۇداپىيە ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيەسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، خىتاينى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچى دەپ تونۇدى. ھۆججەتتە خىتاينىڭ نۆۋەتتە ھەربىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلاردا شەكىللەندۈرۈۋاتقان رىقابىتى، خىتاينىڭ جەنۇبى خىتاي دېڭىزىدىكى ھەربىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئېشىشى، تېخنولوگىيەلىك ئۈستۈنلۈكى ۋە سانائەت جەھەتتىكى بېقىندۇرمىچىلىقى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك خىرىسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھۆججەتتە يەنە «خىتاي ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ سىستېمىلىق رەقىبى، ئىقتىسادى رىقابەتچىسى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىم دىپلوماتىك شېرىكى» دەپ كۆرسىتىلگەن[9].

## مۇلاھىزە:

خىتاينى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچى دەپ تونۇش فىرانسىيەنىڭ خەۋپسىزلىك جەھەتتىن ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى ئاشۇرۇشى ۋە ھىندى - تىنچ ئوكيان رايونىدا تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇشى، فىرانسىيە

[8]Dpa,KNA. ‘’Coronavirus: Germany open to Chinese and Russian vaccines amid delays”. Deutsche Welle. 31.01.21.https://www.dw.com/en/coronavirus-germany-open-to-chinese-and-russian-vaccines-amid-delays/a-56396510

[9]Minister of the Armed Forces. ‘’ Strategic Update 2021. Defence and National Security Strategic Review”. MinisteroftheArmedForces.Januari.2021. https://cd-geneve.delegfrance.org/Defence-and-National-Security-Strategic-Review-1890

بۇ رايوندىكى ھىندىستان ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان خەۋپسىزلىك دىئالوگىنى داۋاملىق تۈردە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

■ 3.گوللاندىيە ئىستىخبارات ئىدارىسى يىللىق دوكلاتىدا خىتاينىڭ قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز ئىقتىسادى بايلىق ۋە رەقەملىك جاسۇسلۇق ئۇرۇنلاشتۇرۇشىنىڭ گوللاندىيە ئىقتىسادى خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە خىتاينىڭ تېخنولوگىيەدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ كەلگۈسىدە تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى بەلگىلەپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا ئىستراتېگىيەلىك بېقىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دوكلاتتا يەنە گوللاندىيە ئىقتىسادى بىخەتەرلىكىنىڭ خىتاي تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقانلىقى ۋە خىتاينىڭ گوللاندىيەدىكى جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم ساھەلىرى ۋە ئورگانلىرىغا قارىتىلغانلىقى دېيىلگەن[10].

## مۇلاھىزە:

بۇ دوكلاتتا خىتاي ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى ۋە خىتاي شەكىللەندۈرگەن تەھدىتلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىشى گوللاندىيە دۆلىتى، شىركەتلىرى ۋە بىلىم ئورگانلىرىغا بېرىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولۇپ، ئالدىمىزدىكى يىللاردا گوللاندىيە ئىقتىسادى خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن خىتاي شەكىللەندۈرگەن تەھدىتلەرگە قارىتا يېڭى قانۇنلارنى ماقۇللىشى ۋە خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىش نامىدىكى جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلەش مېخانىزمىنى تېخىمۇ چىڭىتىشى مۇمكىن.

[10]Algemene Inlichtingen en Veiligheidsdienst.(General Intelligence and Security Service).‘’Threat assessment state actors”.GeneralIntelligenceandSecurityService.03.02.2. https://www.aivd.nl/documenten/publicaties/2021/02/03/dreigingsbeeld-statelijke-actoren-dbsa

■ 4. ئەنگلىيەنىڭ سودا قانۇنىغا خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىرقى قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈشى يۇقىرى پارلامېنت (House of Lords) نىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئالدىمىزدىكى ھەپتە تۆۋەن پارلامېنت (House of Commons)تا ئاۋازغا قويۇلىدىكەن. ئەنگلىيە تىجارەت مىنىستىرى Gerry Grimstone «بۇ قانۇننىڭ تۈزىتىلىشى پەقەت خىتاينىلا كۆزلىگەن ئەمەس، بەلكى كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ئالدىراۋاتىدۇ» دېگەن. ئەنگلىيە تىجارەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىن خىتاي بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ پەقەت ئىنسان ھەقلىرى مەسلىسىنىلا چىقىش قىلىپ بەلگىلىنىپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلغان[11].

## مۇلاھىزە:

خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە سۈكۈت قىلىپ كەلگەن ئەنگلىيە ئۆتكەن يىلى يازدىن باشلاپ شەرقى تۈركىستان ۋە ھوڭكوڭ مەسىلىلىرىدە خىتايغا قارشى ئوچۇق سۆز قىلىشقا باشلىدى ۋە ئەنگلىيە پارلامېنتىدىمۇ كۆپ قېتىملاپ بۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدە تالاش - تارتىشلار بولدى. ئەمما COVID-19 سەۋەبىدىن ئىقتىسادى تۇرغۇنلۇققا ئۇچراۋاتقان ئەنگلىيەنىڭ نۆۋەتتىكى مەزگىلدە خىتاي بىلەن بولغان تىجارى مۇناسىۋەتنى خەتەرگە ئىتتىرىدىغان بۇ قانۇننى ماقۇللاش ئېھتىماللىقى بەك تۆۋەن دەپ ئويلايمەن.

[11]Finbarr Bermingham.''Britain's 'genocide' clause clears legislative hurdle, may affect future China trade deals". SouthChinaMorningPost.03.02.21.https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3120297/britains-genocide-clause-clears-legislative-hurdle-may-affect

## تەۋسىيەلەر

شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى پائالىيەتچىلىك زېھنىيىتىدىن دۆلەتچىلىك زېھنىيىتىگە يۈكسىلىش ۋە ئىلمىي سىياسەت قىلىشقا ئۆتۈش. بۈگۈنكى كۈندە شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە مۇھىم كۈنتەرتىپتە تۇرماقتا. بۇ ئەھۋالدا شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى بۇ دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ خىتاينىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن سىياسىي، ئىستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە قانداق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىتىش، بۇ ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىگە ئىگە چىقىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى، جىددىيلىكى ۋە ئەھمىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى دۆلەتلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ.

# ئاۋستراليه، رۇسيه، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ختاي
# مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر ھەپتىلىك خەۋەرلەر
# 2021.2.1 -2021.2.7
## تەييارلىغۇچى: مەلىكەزادە

■ 1. جازا لاگېرلىرىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باسقۇنچىلىق، جىنسىي زورلاۋانلىق ۋە خورلاشقا ئائىت خەۋەر ـ 3 فېۋرال كۈنى ب ب س تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن[12]، خەلقئارا جەمئىيەتتە بۇ ۋەقەگە نىسبەتەن ناھايىتى كۆپ غۇلغۇلا قوزغالدى. ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىدىن كېيىن، ئاۋستراليه تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى مەرىس پەيىن بۇ ھەقتە سۆز قىلىپ، ئاۋستراليە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھوقۇقلىرى مەسىلىسىگە ئىزچىل جىددى پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى ۋە لاگېرلاردىكى سىستېمىلىق زورلاۋانلىقلار ھەققىدە تارقىلىۋاتقان، كىشىنى ئىنتايىن بىئارام قىلىدىغان بۇ خەۋەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە ئۇلار ئۇچراۋاتقان مۇئامىلىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە سوئال تۇغدۇرىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى[13].

ئاۋستراليه ھۆكۈمىتى بۇندىن بۇرۇنمۇ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىغىنلىرىدا ياكى ختاي

[12]BBC News, “ ‘Their goal is to destroy everyone’: Uighur camp detainees allege systematic rape”, BBC, 3 Feb 2021, https://www.bbc.com/news/world-asia-china-55794071

[13]ABC News, “US and Australia leaders ‘deeply disturbed’ by reports of systematic rape of Muslims in China camps”, Reuters/ABC, 4 Feb 2021, https://www.abc.net.au/news/2021-02-04/us-leaders-condemn-reports-of-systematic-rape-of-chinese-muslims/13120686

بىلەن بولغان بىۋاسىتە كۆرۈشۈشلەردە ناھەق لاگېرغا سولىنىۋېلىش، دىنىي ئەركىنلىكىنى بوغۇش، چەكتىن ئاشقان نازارەت ۋە مەجبۇرى ئەمگەك قاتارلىق كونكېرىت تېمىلاردا خىتاينى ئەيىبلىگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى باياناتتا مەرىس پەيىن يەنە ئاۋستىرالىيەنىڭ «شەرقىي تۈركىستانغا خەلقئارالىق كۆزەتكۈچىلەرنى ئەۋەتىش» ئىلتىماسىدا داۋاملىق چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى Michelle Bachelet نىڭ دەرھال خىتاينى تەكشۈرۈشكە بېرىشىغا يول قويۇلۇشى كېرەكلىكىنى، خىتاينىڭ دەخلىسىز ھالدا بۇنىڭغا ماسلىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى.

ئاۋستىرالىيەدىكى باشقا پارتىيە رەھبەرلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ لاگېردىكى جىنسىي زوراۋانلىق ھەققىدىكى خەۋەرگە بولغان ئىنكاسىمۇ خېلىلا روشەن. ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ پالاتا ئەزاسى «بۇ بىز يېقىنقى يىللاردا كۆرگەن ئەڭ ۋەھشىي ۋە ئېغىرغا ئالماق مۇشكۈل بولغان كىشىلىك ھوقۇق تاجاۋۇزچىلىقى ئىكەن» دېدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن 4 - فېۋرال سۆز قىلىپ، BBC نى يالغان خەۋەر تارقىتىش بىلەن ئەيىبلىدى. ئۇ يەنە 2019 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئەللىكتىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ بىرلىكتە خىتاينىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى ۋە بۇ ھەقتە تۈزۈلگەن دوكلاتقا ئىمزا قويغانلىقىنى تىلغا ئالدى، ئۇ يەنە «دۈشمەنلىك ھېسسىياتى ئارىلاشمىغان كىشىلەرنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشىنى قارشى ئالىمىز» دېدى[14].

[14] “2021年2月4日外交部发言人王文斌主持例行记者会” ，中国外交部，2021年2月4日，https://www.fmprc.gov.cn/web/fyrbt_673021/t1851272.shtml

## پىكىر- تەكلىپلەر:

خىتاينىڭ دۇنيانى چۆچۈتكەن بۇ شەرمەندىلىكلىرى ئالدىدا ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇر ھوقۇقىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى ۋە پائالىيەتچىلەر تېخىمۇ كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتىن خىتاينىڭ قىلمىشلىرىغا قارىتا چوقۇم تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى ھەم شۇنىڭغا يارىشا نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشتى. ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلار ھەقلىق داۋايىمىزنى تېخىمۇ ئىلمىيلىككە كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرى تورۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خىتايغا قارشى پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇشقا داۋاملىق كۈچىشى زۆرۈر.

■ 2. تاشقى سىياسەت تەدبىرلىرىدە قارىماققا بىر- بىرىنى قاتتىق قوللىشىدىغان رۇسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ۋاكسىنا دىپلوماتىيەسى»دە يەنە پۇت تېپىشىپ قالدى. قازاقىستاننىڭ رۇسىيەدىن ۋاكسىنا سېتىۋېلىشنى باشلىشى، تۈركمەنىستاننىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشىغان پىلاننى قىلىشى، پەقەت ئۆزبېكىستاننىڭلا خىتاي ۋاكسىنىسىنى سېتىۋېلىشى رۇسىيەنىڭ بۇ رايوندا خىتايغا نىسبەتەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. يۇقۇم مەزگىلىدە ئۆزلىرىنىڭ يۇمشاق كۈچى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى تېببىي ئەسلىھە ۋە قوغدىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن خىتاي مەزكۇر رايوندا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغان ۋە سودا پۇرسەتلىرىنى كېڭەيتكەن ئىدى. ئەپسۇس، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ ئارقا ھويلىسى دەپ قارايدىغان رۇسىيەمۇ ۋاكسىنا مەسىلىسىدە ھېچكىمگە يول قويماستىن، دىپلوماتىك تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالدى.

فېۋرال كۈنى قازاقىستان رۇسىيەنىڭ ۋاكسىنىسى Sputnic V نى ئەملەشنى

باشلىدى[15]، ئۇلار يەنە كاراگاندا شەھرىدە رۇس ۋاكسىنىسى ئىشلەيدىغان بىر تىببى ئەسلىھە زاۋۇتى قۇرغان بولۇپ، مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا مەھسۇلات ئىشلەشنى باشلايدىكەن[16]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قازاقىستان يەنىلا رۇسىيەنى ئاساسلىق سىياسىي ھەمكارچىسى دەپ بىلىدۇ ۋە مەلۇم ساھەلەردە رۇسىيەگە يول قويۇش ۋە بېقىنىشنى «قىلىشقا تېگىشلىك ئىش» دەپ قارايدۇ. قازاقىستان ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن باشقا، خەلق ئىچىدىمۇ خىتاي ۋاكسىنىسىغا ئىشەنمەسلىك ۋە ئۇنى ئىشلەتمەسلىك پىكىرلىرى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان بولۇپ، خىتاي كېڭەيمىچىلىكى ۋە تەسىرىگە قارشى نارازىلىق نامايىشلىرى يېقىنقى يىللاردا بىر نەچچە قېتىم ئېلىپ بېرىلغان.

ئۆزبېكىستان گەرچە ئۆتكەن يىلىلا 35 مىليوندىن ئارتۇق رۇس ۋاكسىنىسىغا زاكاز بەرگەن بولسىمۇ، خەۋەرلەردە مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرغىچە رۇسىيەدىن ھېچقانداق ۋاكسىنا كىرگۈزمىگەن، ئەمما داۋاملىق ھالدا پۇقرالىرى ئارىسىدا خىتاي ۋاكسىنىسى سىنىقىنى ئېلىپ بارماقتا ئىكەن. ئۆزبېكىستان پىرېزىدېنتى شەۋكەت مىرزىيېيېفنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانلىرىنىڭ تارمىقى سۈپىتىدە، مېدىتسىنا ساھەسىدە خىتايدىن زور مىقداردا ياردەم قوبۇل قىلماقتا، خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزبېكىستاننى زىيارەت قىلماقتا ۋە ئۆزبېكىستانغا تېخنىكا ۋە تەجرىبە ئېكسپورت قىلماقتا[17]. خۇددى قازاقىستانغا ئوخشاشلا، ئۆزبېكىستان خەلقى ئارىسىدىمۇ رۇسىيە تەرەپدارلىق خاھىشى كۈچلۈك. يۇقۇمدىن ھالسىرىغان ئۆزبېكىستان ھازىر دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئىقتىسادتا ئاجىز دۆلەتلەر ئۈچۈن يولغا قويغان COVAX

[15] “Kazakhstan begins using Russian vaccine against coronavirus”, Medicalxpress, 1 Feb 2021, https://medicalxpress.com/news/2021-02-kazakhstan-russian-vaccine-coronavirus.html
[16]“Kazakhstan launches production of Russia’s Sputnic V vaccine”, TASS, 21 Dec 2020, https://tass.com/economy/1237699
[17]“Leading experts from Uzbekistan and China analyzed the best ways to eliminate the consequences of COVID-19 and new opportunities for developing bilateral cooperation”, The Permanent Mission of the Republic of Uzbekistan to the United Nations, 13 Jul 2020, https://www.un.int/uzbekistan/news/leading-experts-uzbekistan-and-china-analyzed-best-ways-eliminate-consequences-covid-19-and-new

پروگرامىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق زاكاز قىلغان يۈز مىڭدىن ئارتۇق ۋاكسىنىنى ساقلاۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ھەممىسى ئامېرىكا- گېرمان ھەمكارلىقىدا ياسالغان Pfizer- BioNTech ۋاكسىنىسى ئىكەن.

قىرغىزىستانمۇ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرىقى پروگراممىسى ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ Oxford- AstraZeneca ۋاكسىنىسىنى زاكاز قىلغان، رۇسىيە ۋاكسىنىسىمۇ ئوخشاشلا سىناق قىلىنغان بولۇپ، ھازىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەستىقىنى كۈتمەكتە. ئەگەر قىرغىزىستان خىتاي ۋاكسىنىسى سېتىۋالغان بولسا، سادىر جاپاروفنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى بەلكىم خىتايدىن تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت تاپقان، قىرغىزىستاندا كۆتۈرۈلۈۋاتقان خىتايغا قارشى كەيپىياتتىن خىتاينى سەل خاتىرجەم قىلغان بولاتتى، ئەمما ھازىرچە ئەھۋال ئۇنداق بولماي قالدى.

تاجىكىستان پرېزىدېنتى «ۋىرۇس ئۇستىدىن تامامەن غەلىبە قىلدۇق» دېگەن بولسىمۇ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ياردەم پروگراممىسىغا تىزىملاتقان، ھازىر بولسا رۇسىيە ۋاكسىنىسىنىڭ ئۈنۈمىنى سىناق قىلماقتا[18].

تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتى چېگرىسى ئىچىدە «ۋىرۇس قالمىدى» دەپ كېسىپ ئېيتقان- يۇ، ئاساسلىق خادىملارغا ئەملەش ئۈچۈن رۇسىيە ۋاكسىنىسىنى سېتىۋالغان. 30 - يانۋار كۈنى رۇسىيە ۋاكسىنىسىنى تاپشۇرۇۋالغان تۈركمەنىستان ئوتتۇرا ئاسىيادا رۇسىيە ۋاكسىنىسىنى رەسمىي تەستىقلىغان تۇنجى دۆلەت بولۇپ قالدى[19].

[18]“Central Asia vaccination plans underwhelm, but governments look unruffled”. Euroasianet, 14 Jan 2021, https://eurasianet.org/central-asia-vaccination-plans-underwhelm-but-governments-look-unruffled
[19]“Turkmenistan registers Russia’s Sputnik V vaccine, says RDOF” , Reuters, Jan 18, 2021, https://www.reuters.com/article/health-coronavirus-russia-vaccine-turkme-idUSR4N2IW009

## خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى

2021-02-01 - 2021-02-07

**تەييارلىغۇچى: مەمەتئېلى مەمەتئېمىن**

■ «خىتاينىڭ يېڭى دەۋردىكى خەلقئارا تەرەققىيات ھەمكارلىقى»ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىندى

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خىتاي ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى « خىتاينىڭ يېڭى دەۋردىكى خەلقئارا تەرەققىيات ھەمكارلىقى»ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى . سەككىز چوڭ تېما 33 كىچىك تېمىدىن تۈزۈلگەن بۇ ئاق تاشلىق كىتابتا خىتاينىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئورنىنى قانداق تىكلەش، خىتاينىڭ ئوبرازىنى قانداق بەرپا قىلىش ۋە خىتايچە «دۆلەت باشقۇرۇش» نەزەرىيەسىنى قانداق تەشۋىق قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار بار[20].

## مۇلاھىزە:

خىتاي ئاق تاشلىق كىتابىدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى نۇقتا بار دېيىشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى، خىتاي «مەن ساڭا پايدا بېرىمەن، سەنمۇ مېنىڭ خالىغىنىمنى بېرىسەن» دېمەكچى، ئەمما بۇ مەقسىتىنى «ھەمكارلىق» سۆزى بىلەن پەردازلاشقا تىرىشىۋاتىدۇ. يەنى بۇرۇنقى خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى

[20]<《新时代的中国国际发展合作》白皮书>、中华人民共和国人民政府、2021年01月10日、 http://www.gov.cn/zhengce/2021-01/10/content_5578617.htm

ياردەمدىن پەرقلىق ھالدا «ياردەم ئالغۇچى» تەرەپنى ھەمكارلاشقۇچى دەپ خۇددى تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلغاندەك، بىرلىكتە تەرەققىي قىلدىغاندەك قىياپەتتە كۆرۈنۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇناسىۋەتتە «ياردەم ئالغۇچى»دىن تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت تەلەپ قىلغىلى بولىدۇ. خىتاينىڭ مەيلى ياردەم دېسۇن مەيلى ھەمكارلىق دېسۇن نۇرغۇن دۆلەتكە «ياردەم» بېرىپ بۇنىڭ بەدىلىگە قانچىلىك ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەت ئالغىنىنى ياكى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

ئىككىنچىدىن، خىتاينىڭ دەۋاتقان« ھەمكارلىق» ياكى «ياردەم» نورمال چۈشەنچىدىكى ياردەمدىن ئالاھىدە پەرق قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي مەدەنىيىتى ، خىتاي تىلى، خىتايچە «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» نەزەرىيەسى قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ خىتاينىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ھەرخىل ساھەلەردە جۇملىدىن دۆلەت باشقۇرۇش ھەققىدە تەربىيەلەش ۋە خىتايچە سىياسىي تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلە. خىتاي بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلگۈسى دۇنيانىڭ «خوجايىنى» بولۇش يولىدىكى ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى بولغان يۇمشاق كۈچىنى يېيىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. خىتايچە سىياسىي تۈزۈمنىڭ قانچىلىك رەزىللىكىنى بىلىدىغانلار ئۈچۈن بۇ خەتەرلىك بىر ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ.

■ خىتاينىڭ سانلىق مەلۇماتلارنى (Data) تاۋارلاشتۇرۇش پىلانى

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا (国务院)
قاراشلىق ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى (国
务院发展研究中心) دوكلات ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ سانلىق مەلۇمات
بازىرى بەرپا قىلىشى كېرەكلىكىنى، بۇنى رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ مەھسۇلاتى

سۈپىتىدە سېتىشقا ۋە ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان تاۋار  ھالىغا ئەكېلىپ ئىقتىسادىي ئېششىنىڭ بىر پارچىسى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا دوكلاتتا بۇ ھەقتە ئاۋۋال شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن سانلىق مەلۇمات ئالماشتۇرۇش،ئۇچۇرلارنى قوغداش ھەققىدە ھەمكارلىق قىلىش تەكلىپىنى بەردى[21].

## مۇلاھىزە:

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان رەقەملىك ئىقتىساد ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم قىسمىنى تەشكىل قىلماقتا. خىتايمۇ ئامېرىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ رەقەملىك ئىقتىسادىي كۈچ بولۇپ، 2019 ـ يىلى خىتاينىڭ رەقەملىك ئىقتىساد سوممىسى 5 تىرىلىيون 200 مىليون دوللارغا يەتتى[22]. ئەمما خىتاي ھازىر سانلىق مەلۇماتنى تاۋارلاشتۇرۇشقا قاراپ مېڭىشنى پىلانلاۋاتىدۇ ۋە بۇنى رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە قوللانماقچى بولۇۋاتىدۇ. خىتايدا شەخسى ئۇچۇر ھوقۇقى ئاساسەن بولمىغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى شەخسىي ئۇچۇرلارنى خالىغانچە توپلىيالايدۇ. خىتاي دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ بازىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاينىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى چەتئەل شىركەتلىرى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن باشقا خىتاي  توردىشىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تور پائالىيىتىمۇ سۈنئىي ئىدراك (AI) ئالگورىزىمنى مەشىقلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدۇ. خىتاي بولسا بۇنى ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈنلا ئەمەس

[21]<对我国经济数字化转型中“问题区域”的识别与对策>、国务院发展研究中心、 2021年01月25日、 https://www.drc.gov.cn/DocView.aspx?chnid=386&leafid=1339&docid=2902577# : Matt Ho, “China should promote free movement of digital data, government think tank says” , South China Morning Post, 05.02.2021, https://www.scmp.com/news/china/politics/article/3120589/china-should-promote-free-movement-digital-data-government

[22]Matt Ho, “China should promote free movement of digital data, government think tank says”, South China Morning Post, 05.02.2021, https://www.scmp.com/news/china/politics/article/3120589/china-should-promote-free-movement-digital-data-government

سىياسىي ۋە ھەربىي مەقسەتلىرى ئۈچۈنمۇ قوللىنىشى مۇمكىن.

يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي بۇ ئارقىلىق رەقەملىك ئىقتىساد ساھەسىدە خىتاي شىركەتلىرى ۋە تېخنىكىلىرىغا ماس كېلىدىغان ئۆلچەملەرنى قويۇشقا تىرىششى مۇمكىن. خىتاينىڭ سانلىق مەلۇمات توپلاش ۋە بۇنى تېخنىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن قوللىنىشتىكى «تەجرىبىسى»نى تاۋارلاشتۇرۇشى، شەرقىي تۈركىستاندا سىناق قىلغان يۈز تونۇش، ھەتتا ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسىمۇ بەزى دۆلەتلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىشى مۇمكىن.

■ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ياش پىئونېرلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خىتاي، « خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ياش پىئونېرلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئېلان قىلدى. مەزكۇر خەۋەردە باللارنىڭ سىياسىي ئاقارتىش ۋە قىممەت قارىشىنى كۈچەيتىش ، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش، پارتىيەگە سادىق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، قىزىل گېنىنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئېيتتى[23].

## مۇلاھىزە:

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى يېقىندىن بۇيان پۈتۈن ساھەدە

[23]

كومپارتىيەنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. يىللاردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان ھەرقايسى دەرىجىلىك كادىرلارغا يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇپ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىش ۋە ساداقىتىنى «مۇستەھكەملەش»تىن باشقا، يېقىندا ئالىي مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مائارىپ سىستېمىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ چەتئەل مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئازايتىش، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ۋە خىتاي سىياسىي تۈزۈمىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى كۆپەيتىش ۋە بۇ مەزمۇنلارنى مەجبۇرىي ۋە چوقۇم ئۆگىنىدىغان مەزمۇنلار قاتارىغا كىرگۈزۈش دېگەندەك ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى تېخىمۇ كىچىك ياشتىكى بالىلارنى كوممۇنىستىك پارتىيەنى سۆيىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە تىرىشماقتا. بۇ ئەھۋاللار ئادەمگە خىتايدىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئەسلىتىدۇ. ئەمما مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە ھازىرقى ئۆچۈر، تېخنىكا دەۋرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك خىتاينىڭ بۇ تىرىشچانلىقى يوققا چىقىشى مۇمكىن.

## تەكلىپ – تەۋسىيە

خىتاي، خىتايچە ئىدىيە ۋە سىياسىي تۈزۈلمىنى يېيىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. خىتاينىڭ بۇ ئويۇنلىرى غەربتە بەك بازار تاپالمىسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، شەرقىي ياۋروپا، ئافرىقا قاتارلىق رايونلاردا تەسىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە تەشكىلاتلار دۇنيانى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى، خىتاينىڭ ھەقىقىي يۈزىنى تونۇتۇش ئۈچۈن كۈچىشى كېرەك.

# بۇ ھەپتىدە شەرقىي تۈركىستان

## 2021-02-07 - 2021-01-25

**نىجات مەمەت**

■ خىتاي <جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى> ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم تارقاتماقچى ئىكەن[24].

خىتاي 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خىتاي مەركىزىي رادىئو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىكتە سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلىگەن سەككىز قىسىملىق ھۆججەتلىك فىلىم «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى»نى، يېقىندا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال قانىلىدا تارقىتىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇ فىلىمدە تارىخ، مىللەت، دىن، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت تۆت نۇقتىدىن ئارخېئولوگىيىلىك نەتىجىلەر ۋە ئۇن ـ سىن تىلى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي مەدەنىيىتى ئاستىدىكى تارىخىي تەرەققىيات تومۇرىنى تەسۋىرلەشكە ئۇرۇنغان.

خىتاي مەركىزىي رادىئو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى»دا يىلنامە قۇرۇلمىسى قوللىنىلغان بولۇپ، چىن ـ خەن، ۋېي ـ جىن، سۈي ـ تاڭ، مىڭ ـ يۈەن، مىڭ ـ چىڭ، مىنگو ۋە يېڭى خىتاي قاتارلىق تارىخىي مەزگىللەردىن ھالقىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك تارىخى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى، دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى، مەدەنىيەتنىڭ يۇغۇرۇلۇش تارىخىدىن ئىبارەت

[24]شىنجاڭ گېزىتى، ھۆججەتلىك فىلىم «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى» مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال قانىلىدا تارقىتىلىدۇ. 25 ـ 01 ـ 2021 http://uy.ts.cn/system/2021/01/25/036561504.shtml

تۆت ئاساسىي تېما ئۈز ئىچىگە ئېلىنغان، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى نەچچە ئون تارىخشۇناس ۋە ئارخېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى زىيارەت قىلىنغان.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، نۇرغۇن <قىممەتلىك> مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، خىتاي دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان «چاڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ ئوردا ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ يەر خەرىتىسى»، شەرقىي تۈركىستان لوپنۇر ناھىيىسىدە 2019 - يىلىدىكى ئەڭ يېڭى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بايقالغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ھەربىي بازىرىنىڭ 1000دىن ئارتۇق يادىكارلىقى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇرپان تۇيۇقتىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇددا دىنى تام رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى تۇنجى قېتىم ئېكرانغا چىقىرىلغان.

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات يۇرتى، دىن تەتقىقات يۇرتى ۋۇقۇسكا ئېسىپ قويۇلغان[25]

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات يۇرتى، دىن تەتقىقات يۇرتى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق خىتايىنىڭ مەركەز ئۈرۈمچى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن چىقارغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى قارارى بىلەن قويۇلغان ۋە 1- ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋۇقۇسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

■ خىتاي جەنۇۋەدە «شىنجاڭ ياخشى جاي»تېمىسىدا سىنلىق دوكلات

[25]شىنجاڭ گېزىتى،شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات يۇرتى، دىن تەتقىقات يۇرتى ۋۇقۇسكا ئېسىپ قويۇلدى، 30-01-2021 http://uy.ts.cn/system/2021/01/30/036566273.shtml

بەرگەن[26].

3 ـ فېۋرال كۈنى ختاينىڭ جەنۋەدە تۇرۇشلۇق دائىمىي ۋەكىلى ۋە ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ «شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق سىنلىق دوكلات بەرگەن. دوكلاتقا جەنۋەدىكى 50 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن دىپلوماتلار، باش ئەلچىلەر ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئەمەلدارلىرى ، كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ ئالاھىدە مېھمانلىرى قاتناشقان. لائوس ، كۇبا ، چاۋشيەن ، روسىيە ، بېلورۇسىيە ، زىمبابۋې ، پاكىستان ، ئىران ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بايانات بەرگەن ۋە ختاينىڭ بۇ دوكلات بېرىش يىغىنىنى ئۆتكۈزۈلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتقان.

## مۇلاھىزە:

ختاي ئۆتكەن يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا <قەدىمىي يادىكارلىقلارنى> قېزىپ- تەكشۈرۈش، <قەدىمىي يادىكارلىقلارنى> تونۇتۇش ۋە رېمونت قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى [[27]][[28]][[29]]. بۇ ئارقىلىق ختاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى<قوغداش> خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىچىدە <شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر پارچىسى> سەپسەتىسىنى تەرغىپ قىلغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا يېڭىدىن قېزىپ چىققان <قەدىمىي يادىكارلىقلار> ئارقىلىق تارىخنىڭ ھەقىقىي تەرىپىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنماقتا. ختاينىڭ ئۆزى قېزىپ چىققان <قەدىمىي يادىكارلىقى> بىلەن شەرقىي

[26]人民日报、“新疆是个好地方”宣介会在日内瓦举行。2021-02-05 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2021-02/05/nw.D110000renmrb_20210205_8-04.htm
[27]新华网、新疆抢险加固楼兰古城三间房和佛塔遗址 2020-08-06 http://cn.cccweb.org/portal/pubinfo/2020/08/06/200001003006/459acb64f97045a0be21570dbdfb2dc3.html
[28]中国新闻网、新疆考古新进展为探寻西域都护府遗址提供更多线索、 2020-01-29 http://www.chinanews.com/cul/2021/01-29/9399592.shtml
[29]文化和旅游部办公厅，文化和旅游部办公厅关于开展2020年“文化和自然遗产日”非遗宣传展示活动的通知,2020-04-22. http://www.gov.cn/zhengce/zhengceku/2020-04/24/content_5505714.htm

تۈركىستاننى خىتاينىڭ بىر قىسمى دەپ جار سېلىشى بىمەنىلىكتۇر. خىتاينىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات يۇرتى، دىن تەتقىقات يۇرتىنىڭ خىزمەتلەردە توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىشى، بۇ ئورۇننىڭ قۇرۇلۇش مەقسىدىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ تەشۋىقاتىنى قىلدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

خىتاي مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقنى جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ «ئەمىنلىكى»نى قوغداش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى «دىنى رادىكاللىق»تىن قۇتۇلدۇرۇش دەپ خەلقئارادىكى بىر قىسىم خىتايپەرەس دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان باستۇرۇش سىياسىتىنى ئاقلاپ، خىتاي سىياسىتى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ «ئەركىن، باياشات، خۇشال ـ خۇرام» تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئالدىن تەييار قىلغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن خەلقئارانىڭ كۆزىنى بوياشماقتا.

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئۈرۈمچى خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى سىياسىي كېڭىشى ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتى توغرىسىدا قارشى باياناتى ئېلان قىلغان[30].

2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئۈرۈمچى خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى سىياسىي كېڭىشى بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئونىڭ شەرقىي تۈركىستاندا « شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ۋە

[30]شىنجاڭ گېزىتى، كۈنى ئاخىرلاشقان چۈپرەندە پومپېئو جەزمەن تارىخنىڭ ئادىل سوتلىشىغا ۋە ھېساب ئېلىشىغا ئۇچرايدۇ. 26 ـ 01 ـ 2021 http://uy. ts. cn/system/2021/01/26/036562294. shtml

باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئىرقىي يوقىتىش ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى ئۆتكۈزدى»دېگەن باياناتىغا رەددىيە بەرگەن.

■ خىتاينىڭ خەلق تورىدا شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك يالغان ۋە ھەقىقەتلەر نامىلىق خەۋەر ئېلان قىلىنغان[31].

خىتاينىڭ خەلق گېزىتى 5 ـ فېۋرال كۈنى شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇق، تېررولۇق قاتارلىق تېمىلاردا 24 تۈرلۈك راست ۋە يالغان ھەقىقەتلەرنى ئېلان قىلغان.

## مۇلاھىزە:

خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەندىن كېيىن، خەلقئاراغا ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئونىڭ بەرگەن باياناتىنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن ھەقىقى ۋەقەلەرنى يوشۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمەت كادىرلىرىدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستانلىق ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنى بىر مىنۇت ئۇزۇنلۇقىدىكى ۋىدىئولۇق رەددىيە باياناتى ئېلان قىلىشنى ئۇقتۇرۇش قىلغان. ئەمما خىتاي يەنىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئورنىغا، خەلقئارادىكى تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش بېسىمىغا دۇچ كەلگەن. ھەتتا خەلقئارادا خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە تىجارەتتىكى پايدا مەنپەئەت مۇناسىۋىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم ۋە باستۇرۇشقا قارشى چىقىشىمىزنى توسۇپ قېلىشقا سەۋەپ بولالمايدۇ دېيىلگەن[32]. شەرقىي

[31]人民日报、关于涉疆问题的谎言与事实真相。2021-02-05 · http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2021-02/05/nw.D110000renmrb_20210205_1-10.htm

[32]euronews, Finlandiya Başbakanı'ndan Çin'in Uygur Kadınlarına yönelik uygulamalarına tepki. 2021-02-04 https://tr.euronews.com/2021/02/04/finlandiya-basbakan-ndan-cin-in-uygur-kad-nlar-na-yonelik-uygulamalar-na-tepki

تۈركىستان مەسلىسى مۇسۇلمان دۇنياسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشتىن خەلقئارادا بىر ئىنسانلىق مەسلىسى قاتارىدا تىلغا ئېلىنماقتا. شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىگە پۈتۈن دۇنيا ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر سىياسەت دەپ مۇئامىلە قىلىشقا باشلىماقتا.



1 - رەسىم[33]



2 - رەسىم[34]

[33]مەنبە ئېنىق ئەمەس

[34]“I’m going to have my baby and I’m really happy”.09-02-2021 Uyghur Story. https://youtu.be/q_CqTZn-f6tl

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنى ئاچقان[35].

2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان خەلق سارىيىدا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ 13- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى ئېچىلغان. يىغىنغا 471 كىشى قاتناشقان. يىغىندا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەن. دوكلات: بىرىنچى، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى خىزمەتلەرگە نەزەر؛ ئىككىنچى، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاساسلىق نىشان-ۋەزىپىلەر ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلەر؛ ئۈچىنچى، 2021 - يىللىق نۇقتىلىق خىزمەتلەر تېمىسىدا سۇنۇلغان[36].

2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يىغىندا جەمئىي 815 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىنغان. تەكلىپلەر ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرىدىكى تەكلىپ 284 پارچە بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 40%نى ئىگىلىگەن؛ سىياسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىكى تەكلىپ 41 پارچە بولۇپ، 6%نى ئىگىلىگەن؛ جەمئىيەت قۇرۇلۇشى تۈرىدىكى تەكلىپ 227 پارچە بولۇپ، 32%نى ئىگىلىگەن؛ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تۈرىدىكى تەكلىپ 92 پارچە بولۇپ، 13%نى ئىگىلىگەن؛ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى تۈرىدىكى تەكلىپ 60 پارچە بولۇپ، 9%نى ئىگىلىگەن.

## مۇلاھىزە:

[35]شىنجاڭ گېزىتى، ئاپتونوم رايونلۇق - 13نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى - 4يىغىنى ئېچىلدى. 02 - 02 - 2021
http://uy.ts.cn/system/2021/02/02/036568941.shtml
[36]شىنجاڭ ھۆكۈمەت تورى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات 2020 . 07 - 02 - 2021
http://uygur.xinjiang.gov.cn/xj_ww/zfgzbg/202102/7ec9e0bf69d441109da8859120905366.shtml

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە كۆزلىگەن پۈتۈن نىشانلىرىغا يەتكەن بولۇپ ھەتتا كۆپلىگەن نىشانلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىقتىساد ۋە تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ «بىر بەلباغ بىر يول» پىلانىدا تۇتقان ئورنىدىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يەر ئۈستى- ئاستى بايلىقىنى قېزىپ- تەكشۈرۈشتە يېڭى رېكورتلار يارىتىلغان. بەش يىلدا، شەھەر- بازارلاردا جەمئىي 2 مىليون 330 مىڭ كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىدىن 14 مىليون 330 مىڭ ئادەم (قېتىم) يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، جەنۇبتىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئۈچ يىلدا 100 مىڭ نامرات ئاھالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان. 1 مىليون 120 مىڭ كادىر، ئىشچى-خىزمەتچى ئاساسىي قاتلامدىكى 1 مىليون 690 مىڭ ئائىلىلىك ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان. كەلگۈسىدە بولسا بىناكارلىق تۈرىدە 200 مىڭ كىشىنى كەسپىي تەربىيىلەشنى، 460 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى يېڭىدىن «ئىش»قا ئورۇنلاشتۇرۇشنى، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 700 مىڭ ئادەمنى يۆتكەپ «ئىش»قا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان(ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى 2020 دوكلاتى). بۇ دېمەك بولىدۇكى، كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى كۆچۈرۈپ «ئىش»قا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تېخىمۇ كەڭ ئېلىپ بارىدۇ.

ئەمەلىيەتتە خىتاي دۇنيا بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەتنىڭ بىرىدۇر، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئېشىنچە ئەمگەك كۈچى»گە قىلچە ھاجىتى يوق، خىتاينىڭ خەلقىنى بېيىتىشنى باھانە قىلىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى «ئىش»قا ئورۇنلاشتۇرۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى خەلقنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى ۋە يۇرت- ماكانلىرىدىن مەجبۇرى كۆچۈرۈشى بىلەن بىر پەرقى يوقتۇر. خىتاي شەرقىي تۈركىستان

خەلقنى بېيتتشنى مەقسەت قىلماستىن، ئەكسچە شەرقىي تۈركىستان خەلقنى ئۈرپ- ئادەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن ئاسسىملىياتسىيە قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلماقتا. دىققەت قىلىدىغان بولساق «ئېشىنچە ئەمگەك كۈچى» مەجبۇرى يۆتكەلگەندىن كېيىن 1 مىليون 690 مىڭ ئۇيغۇر ئائىلىسىگە 1 مىليون 120 مىڭ خىتاي كادىر، ئىشچى- خىزمەتچىنى تۇققانلىشىش باھانىسى بىلەن يەرلەشتۈرمەكتە ۋە بۇ سىياسەت ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقنى تولۇق، ئىنچىكە نازارەت ئاستىغا ئالماقتا. خىتاي، خەلقئارانىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي جازا لاگېرىنى كەسىپ تەربىيەلەش دەپ پەردازلاپ مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇشقا ئۇرۇندى، شەرقىي تۈركىستان خەلقنى روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ھالسىراتتى، بۇنىڭ «نەتىجىسى» بىلەن ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى كەلگۈسىدە بولسا بىناكارلىق تۈرىدە 200 مىڭ كىشىنى كەسىپي تەربىيىلەشنى، 460 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى يېڭىدىن «ئىش»قا ئورۇنلاشتۇرۇشنى، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 700 مىڭ ئادەمنى يۆتكەپ «ئىش»قا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان، بۇ دېمەك بولىدۇكى، خىتاي كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقنى كۆچۈرۈپ «ئىش»قا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە داۋاملاشتۇرىدۇ.